سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام - تاشقىنلىق يىللىرى

# «863 پىلانى»

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چەت ئەلنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىش تەكلىپى توغرىسىدىكى بىر پارچە دوكلات جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللاندى، كېيىن بۇ دوكلاتقا ئاساسەن شەكىللەنگەن يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانى «863 پىلانى» دەپ ئاتالدى.

بۇ دوكلاتنى داڭلىق ئالىملاردىن ۋاڭ داخېڭ، ۋاڭ گەنچاڭ، ياڭ جياچى، چېن فاڭيۈندىن ئىبارەت تۆت كىشى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان. دوكلاتتا دۇنيا يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك تەخىرسىز رېئاللىققا قارىتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا دۇنيا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ خىرىسى ئالدىدا، جۇڭگو ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرمەسلىكى، ھازىردىن باشلاپ تۇتۇپ، قۇربى يەتكۈچە مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى بىلەن يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ ئىزدىغا چۈشۈشى كېرەك، ئون يىل، 15 يىلدا ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ خېلى ياخشىلانغاندا ئاندىن بىر گەپ بولسۇن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، كېيىن مەڭگۈ قەد كۆتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ تەكلىپ بېرىلدى.

بۇ دوكلات يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، ئۇ ئۆزى «بۇ تەكلىپ ئىنتايىن مۇھىم» دەپ تەستىق سالدى ھەم «بىر قىسىم مۇتەخەسسىس ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلارنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن تەدبىر تۈزۈڭلار. بۇ ئىشقا تېز ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ يوليورۇق بەردى.

كەڭ كۆلەمدە، ئەتراپلىق ۋە ئىنتايىن قاتتىق ئىلمىي دەلىللەش ئارقىلىق، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانى پىروگراممىسى»نى رەسمىي تەستىقلاپ تارقاتتى. بۇ پىلان پىروگراممىسىدا جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم، زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بىيو تېخنىكا، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى، ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئىلغار مۇداپىئە تېخنىكىسى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە تېخنىكىسى ۋە يېڭى ماتېرىياللاردىن ئىبارەت يەتتە يۇقىرى تېخنىكا ساھەسى (1996 - يىلى دېڭىز - ئوكيان تېخنىكا ساھەسى كۆپەيتىلدى) تاللىنىپ، دۆلىتىمىز يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتى - تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى.

بۇ پىلاننى شەكىللەندۈرۈش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەستىقلىغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسى 1986 - يىلى 3 - ئاي بولغاچقا، بۇ پىلانغا «863 پىلانى» دەپ نام بېرىلدى. «863 پىلانى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى جۇڭگونىڭ دۇنيا يۇقىرى پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىشىگە پۇختا ئاساس سالدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# توغرا تارىخىي ئورۇن بەلگىلەش

1987 - يىلى ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىز تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئورنى توغرا بەلگىلىنىپ، سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسى سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ، پارتىيەنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشى ۋە ئەمەلىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

1987 - يىلى، 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىغا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسىنى 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى نەزەرىيە تۈرغۈزۈش ئاساسى قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەسەۋۋۇر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇكى، سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى ھەم پارتىيەنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ئېنىق يىغىنچاقلاندى.

سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك بۇ ھۆكۈم ئىككى قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتى ئاللىبۇرۇن سوتسيالىستىك جەمئىيەت. بىز جەزمەن سوتسيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسيالىستىك جەمئىيىتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز جەزمەن مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا پارتىيەنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ئېنىق يىغىنچاقلاندى. بۇ دەل، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، دۆلىتىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسى بىلەن پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى سوتسيالىزمغا بولغان ئەنئەنىۋى قاراشتىكى مۇھىم بۆسۈش، پارتىيەنىڭ ماركسىزملىق ئىلمىي سوتسيالىزم نەزەرىيەسىگە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يېڭى نەزەرىيە يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىدە سىجىل تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، ساياھەت ئىقتىسادى ئومۇمىي مىقدارىدا ئۇدا يېڭى رېكورت يارىتىلدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون 180 مىليون ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.90% ئاشتى، ياراتقان ساياھەت كىرىمى 304 مىليارد 638 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.78% ئاشتى، ساياھەتچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بەرگەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان «بارومېتىر»غا ئايلاندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دەل پەيتى كەلدى، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق پايدىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ياخشى ساقلىشى كېرەك. رايون ئالاھىدىلىكىگە باي بىر تۈركۈم ساياھەت سۈپەتلىك ماركىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەت ماركېتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بېيىتىپ، ساياھەت بازىرىنىڭ كۆلىمىنى كۈچەپ كېڭەيتىش كېرەك. «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش» تەلىپى بويىچە، قاتناش قاتارلىق ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتتىق دېتال ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ساياھەت مۇلازىمىتى مۇھىتى ۋە ساياھەت بازىرى تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئاقىل ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇماتلار مەركىزى ۋە ساياھەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتى نازارەتچىلىك سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قىشلىق ساياھەتنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، قىشلىق ساياھەتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىدە «كاسات پەسىلنىڭ كاسات بولماسلىقى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى تاراتقۇ، يېڭى سۇپا، يېڭى تېخنىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ساياھەت تەشۋىقاتىنى ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق، كۆپ ئۆلچەملىك قانات يايدۇرۇش كېرەك. ساياھەت بىخەتەرلىك كاپالىتى مېخانىزمى ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، ئازادىلىك دەرىجىسى، رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ھەم ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار، ھەرقايسى ساياھەت كارخانىلىرى «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

# تەن جېڭ: ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى ئاۋانگارت

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۈەي سەي)** خۇنەن ئۆلكىسى شياڭشياڭ شەھىرى لۇڭدۇڭ بازىرىنىڭ نەنشياڭ كەنتىدە، بىر توپا - تاش قۇرۇلمىلىق ھويلا بار، بۇ ھويلا تاغلار بىلەن ئورالغان، ئىشىكى ئالدىغا قەدىمىي قارىغاي تىكىلگەن بولۇپ، مۇھىتى گۈزەل. بۇ جاي مەشھۇر ھەربىي ئالىم تەن جېڭنىڭ كونا تۇرالغۇسى بولۇپ، ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.



**تەن جېڭنىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

تەن جېڭ مەشھۇر ھەربىي ئالىم، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىي خىزمەت رەھبىرى. 1906 - يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن شياڭشياڭدىن. 1927 - يىلى 3 - ئايدا، تەن جېڭ مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەگە كىرگەن. 9 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىك قىلغان خۇنەن - جياڭشى چېگراسىدىكى كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى ۋە سەنۋەندىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە قاتناشقان. 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. كېيىن جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى زۇڭدۈيى زۇڭدۈي كومىتېتىنىڭ كاتىپى، ھەربىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپى، جۈن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شى جېڭۋېيىسى، جۈنتۈەن سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەركىزىي سوۋېت رايونىدىكى ھەر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1936 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزىل ئارمىيە داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇغان. 1937 - يىلى 6 - ئايدا قىزىل ئارمىيە ئارقا سەپ سىلىڭبۇسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، تەن جېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، دۈشمەن ئارقا سەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى قوراللىق كۈرەشتە چىڭ تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش سىياسىتى ۋە تاكتىكىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەمدە ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا «8 - ئارمىيەنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ژۇرنىلى»دا نۇرغۇن مۇھىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيەدە سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە گەۋدىلىك رول ئوينىغان. 1943 - يىلى تەن جېڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا - سەنشى - سۈييۈەن بىرلەشمە مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن جېڭۋېيى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، ساقلىغۇچى بىڭتۇەننىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، قىسىملارنى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۈرگەن.

1944 - يىلى 4 - ئايدا، تەن جېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»نى بېرىپ، قىزىل ئارمىيە ۋە 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئارمىيەسى سىياسىي خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى، پىرىنسىپىنى شەرھلىگەن ھەم سىياسىي خىزمەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە خىزمەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ دوكلات گۇتيەن يىغىنى قارارىدىن كېيىنكى ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھۆججىتىگە كىرگۈزۈلگەن. دوكلاتتا بايان قىلىنغان سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ھەم باش سىياسىي بۇ بۇ دوكلاتنى بىرنەچچە قېتىم قايتىدىن بېسىپ قىسىملارغا تارقاتقان.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تەن جېڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 4 - دالا ئارمىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن جېڭۋېيى بولغان. شەرقىي شىمال تايانچ بازىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرىشىگە قاتناشقان، لياۋشېن، پىڭجىن قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇرۇشلاردىكى سىياسىي خىزمەتلەرنى تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا قاتنىشىپ، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇرۇش غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەن جېڭ جۇڭنەن ھەربىي رايونى ۋە 4 - دالا ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن جېڭۋېيى، خۇانەن ھەربىي رايونىنىڭ جېڭۋېيى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. 1955 - يىلى تەن جېڭغا داجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تەن جېڭ بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

تەن جېڭنىڭ يۇرتى شياڭشياڭ شەھىرىدە، شۇ جايدىكىلەر كۆپ قېتىم تەن جېڭنى خاتىرىلەش مەخسۇس تېمىلىق ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، تەن جېڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئەجدادلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئەۋج ئالدۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شەھەر باشقۇرۇش خىزمىتىدە، فۇنكسىيەلىك يىرىك پىلان قۇرۇلۇشىدىن باشقا، ئادىمىيەت يادرولۇق مەزمۇننى بەرپا قىلىش شەھەر روھىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا شەھەر باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بەلگە. شەھەر باشقۇرۇشتا ئادىمىيلىك ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، گۈزەل ۋە ئىناق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بەرپا قىلىش، ئېنىقكى شەھەر باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. شاڭخەي يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان چۈشكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈۋەتمەيلا قالماي، بەلكى ھەر يىلى كۈز پەسلىدە غازاڭ تاماشىسى بولىدىغان ئون نەچچە يولنى ئېلان قىلىپ ھەم شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنى كۈز مەنزىرىسى، كۈز تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلاندۇردى، ھەم بۇ خەلقئارالىق چوڭ شەھەرگە ئادىمىيەت سېھرىي كۈچى ۋە رومانتىك تۈس قوشتى، بەلكى، بۇ رومانتىك كۈز مەنزىرىسىنىڭ ئارقىدا ئىلمىي يىرىك پىلان ۋە ئىنچىكە خىزمەت بار بولۇپ، بۇ شەھەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ شەھەر مەنزىرىسى، شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقى ۋە قاتناش، يول يۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇنىۋېرسال ئويلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ شەھەرگە بولغان ئېنىقلىمىسى ۋە ئېھتىياجىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولماقتا. پەقەت كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش ئارقىلىق شەھەر باشقۇرۇش «سۈپىتى»نى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن شەھەرنىڭ فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرغىلى بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)